# مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشى ۋە ئۇ ئۆيدە ناماز ئوقۇشى توغرىسىدا

هل يجوز للمسلم أن يقيم بمنزل غير المسلم ويصلي فيه ؟

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة**: سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة**: نظام الدين تمكيني

# مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرنىڭ ئۆيىدە تۇرىشى ۋە ئۇ ئۆيدە ناماز ئوقۇشى توغرىسىدا

150840- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشىمىز توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلماننىڭ كاپىرنىڭ ئۆيىنى ستىتۇلىپ ياكى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇ ئۆيدە تۇرىشى توغرا بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئۇ ئۆيدىكى ھاراق، نەجاسەت، چەكلەنگەن سۈرەت قاتارلىق شېرىكنىڭ قالدۇقلىرىنى پاكىزە تازىلىۋېتىشى لازىم. ئەمما مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ ياكى خىزمەتداشلىق ياكى تونۇشۇش ئۈچۈن بارغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ نەرسىلەرنى تازىلاش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ كىشى ئۇ ئۆيگە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بارغان. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىندىن باشقىغا ھەمراھ بولمىغىن، سېنىڭ يېمەكلىكىڭنى پەقەت تەقۋادار كىشىلا يېسۇن.» [تىرمىزى رىۋايىتى 2395-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا ھەسەن دەپ كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ئۆزى ئارىلاشقان كىشىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىم بىلەن ئارىلاشقانلىقىغا قاراپ باقسۇن» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى4833-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇتنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

"ئەۋنۇل مەئبۇدتا" ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېگەن: "ئارىلىشىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا پىكىر قىلىش، ئويلىنىش لازىم، دىنى ۋە ئەخلاقىدىن رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن ئۇلارنى دوست تۇتۇش كېرەك. ئەگەر دىنى ۋە ئەخلاقىدىن رازى بولمايدىغان ناچار كىشىلەردىن بولسا، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش

كېرەك. چۈنكى ناچار تەبىئەتلىك ئادەم ئارىلاشقان كىشىنىمۇ بۇزىدۇ".

غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدە ناماز ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك: ناماز ئوقۇغان جاي پاكىزە بولۇدىكەن، ئەتراپتا ئۇلار ئۇلۇغلايدىغان ۋە چوقۇنىدىغان سۈرەت-ھەيكەللەر بولمايدىكەن ئوقۇغان ناماز دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زېمىنىنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدىغان ۋە پاك قىلىنىدى، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەر قانداق بىر كىشى قەيەردە نامازنىڭ ۋاختى بولسا، شۇ جايدا ناماز ئوقۇسۇن.» [بۇخارى رىۋايىتى 323-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 810-ھەدىس].

زېمىنىنىڭ ھەممىسى ناماز ئوقۇيدىغان جاي بولۇپ، مۇسۇلمان قەيەردە نامازنىڭ ۋاختى كەلسە شۇ يەردە ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما قەبرىستانلىق، ھاممام، ھاجەتخانا ۋە تۆگە قوتۇنى قاتارلىق جايلاردا ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن، يەنى بۇ جايلاردا ناماز ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۈچۈن 13705-140208-نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ "ئەتتەمھىيد" ناملىق ئەسەرنىڭ 5-توم 227-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەيكەل-سۈرەت بولمىغان چېركاۋدا ناماز ئوقۇغانلىقىنى زىكىر قىلغان. ئەييۇب ۋە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە بۇ ئىككەيلەندىن باشقا راۋىيلار نايىئدىن ئۇ كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازاتكەردىسى ئەسلەمدىن رىۋايەت قىلغان ئەسەردە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا كەلگەن ۋاقىتتا، خىرىستىيانلارنىڭ چوڭلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: "سىلەرنىڭ چېركاۋدا ھەيكەل-سۈرەت بولغانلىقى ئۈچۈن بىز چېركاۋغا كىرمەيمىز ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇمايمىز دېگەن".

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ سۈرەت بولغانلىقتىن ئۇ يەردە ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرمىگەن.

ناماز ئوقۇيدىغان جاي ھەيكەل-سۈرەتلەردىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەردىن پاكىز بولغاندا ئۇ جايدا ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com